## نېمە ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى، ئىش ئىزلىرىنى، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلۇغ دىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش يولىدا ئېلىپ بارغان جىھادلىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چىن كۆڭۈلدىن مۇھەببەت باغلاپ، سەمىمىي سۆيۈش "مەن مۇسۇلمانمەن" دېگەن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئالدىنقى پەرزلەرنىڭ بىرى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ مۇھىم بىر ئاساسى.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى پۈتۈن ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئۈلگىلىك ئوبرازى، ئىسلام دىنى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ جانلىق تەرجىمىسى، كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ داغدام يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرلۇق چىراق. تۆۋەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تونۇشنى پەرز قىلىدىغان بىر نەچچە مەسىلىنى تەقدىم قىلىمىز:

1 ـ ئىماننىڭ تەقەززاسى. ئىماننىڭ ئەسلى؛ (بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەقنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن) دەپ چىن قەلبىدىن ئىشىنىشتۇر. شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەزىلىتىنى، باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن بولغانلىقىنى، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان كامىل نېمەتلىرىنى، ئۇنىڭ ئېسىل ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى، باشقىلار بىلەن قەتئىي قىياس قىلغىلى بولمايدىغان تالانت ۋە پاراسەتلىرىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تەئالا ئىنسانلار ئىچىدىن تاللاپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىمگە بەرمىگەن خىسلەتلەرنى ئاتا قىلغان، ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل بىر زاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پۈتۈن سۈپەتلىرى بىلەن تونۇپ، ئۇنىڭغا چىن ئىشىنىش ئىمانىنىڭ تەقەززاسى.

2- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ پەرزلىكى. ئاللاھ تەئالا مۇسۇلمانلارغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىشنى پەرز قىلدى ۋە مۇسۇلمانىنىڭ ئاللاھ تەئالانى سۆيگەنلىكىنىڭ دەلىلىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىش قىلدى. كىمكى ئاللاھ تەئالانى ھەقىقىي سۆيىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىكەن، ئۇ چوقۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگىشىشى كېرەك. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: ئەگەر ئاللاھنى سۆيسەڭلار ماڭا ئەگىشىڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرنى سۆيىدۇ ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.» ئالى ئىمران سۈرىسى:31- ئايەت . ئەگىشىش - رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرى پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ھاياتىمىزنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئۇنىڭ يولىدىن مېڭىش، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلىش، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش، سۆزىمىزدە، ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزدە ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشلىرىنى، سۆزلىرىنى ۋە بارلىق ئەھۋالىنى ئۆگىنىشنى، ئۇنىڭ خىسلەتلىرىنى، ئېسىل سۈپەتلىرىنى، گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ۋە ئادەتلىرىنى بىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ساھابە كىراملار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىش، ئۇنىڭ سۆز، ئىش ۋە ئەدەپ ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. ئەڭ ئاددى ئىشلاردىمۇ رەسۇلۇللاھ قىلغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئولتۇرۇش- قوپۇش، مېڭىش- تۇرۇش، سۆزلەش ۋە سۈكۈت قىلىش بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. ھەتتا ئۇلار رەسۇلۇللاھ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە رەسۇلۇللاھ ياقتۇرمىغان نەرسىنى يامان كۆرەتتى. ئىمام تىرمىزى ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "بىر كۈنى بىر تىكىنچى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاماققا چاقىردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ساھىبخان رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا ئارپا نېنى بىلە كاۋا توغرىغان شورپا قويدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپرەك كاۋا يېگەنلىكىنى كۆردۈم. شۇندىن بېرى كاۋىنى ياخشى كۆرىدىغان بولدۇم." بۇنداق مىساللار ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپتۇر. شۇڭلاشقا ئىنسانىيەت تارىخىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك تۇغۇلغاندىن تارتىپ ۋاپاتىغىچە چوڭ- كىچىك بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرى بىرمۇبىر رىۋايەت قىلىنىپ، يېزىپ قالدۇرۇلغان ئىككىنچى بىر شەخسنى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. يىغىپ ئېيتقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىش ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرى بولۇپ . ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋە بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىنىش پەرزدۇر. چۈنكى "پەرز ئۇنىڭسىز ئادا بولمايدىغان نەرسىنىڭ ئۆزىمۇ پەرزدۇر". خۇددى ناماز ئۈچۈن تاھارەت پەرز بولغاندەك.

3- رەسۇلۇللاھنى سۆيۈشنىڭ پەرزلىكى. ئاللاھ تەئالا مۆمىنلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەرقانچە سۆيۈملۈك نەرسىسىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈپ سۆيۈشنى پەرز قىلدى. رەسۇلۇللاھنى سۆيمىگەنلەرنى قاتتىق ئازابلايدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇردى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: »(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشىڭلار، خاتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىڭلار، (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۇچۇن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، ئۇ ھالدا سىلەر ئاللاھنىڭ ئازابىنى كۈتۈڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.» تەۋبە سۈرىسى: 24- ئايەت . ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز جانلىرىدىنمۇ چاردۇر.» ئەھزاب سۈرىسى:6- ئايەت . مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ، سۆيۈلگەن كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل سۈپەتلىرىنى بىلىش بىلەن بولىدۇ. مەھبۇبى ھەققىدە مەلۇماتى ئاز كىشىنىڭ مۇھەببىتىمۇ ئۇزەكى مۇھەببەت بولۇپ، چىن قەلبىدىن ئورۇن ئالمايدۇ. كىشى بىراۋنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك بولغانلىقى ياكى شۇجائەتلىك، قەھرىمان بولغانلىقى ياكى يۇۋاش- يۇمشاق بولغانلىقى ياكى كەمتەر كىچىك فىل بولغانلىقى ياكى بىلىملىك ئالىم بولغانلىقى ياكى كۆپ ئىبادەت

قىلىدىغان سالىھ بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ. يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان زات ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۆمىنىنىڭ ھەر قانداق مۇھەببەتنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىدە سۆيمەسلىكى ئەقىلغا سىغامدۇ؟ مۇسۇلمان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، ئېسىل سۈپەتلىرىنى، پاك كۆڭلىنى قانچىلىك كۆپ بىلسە، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت - سۆيگۈسى شۇنچىلىك كۈچلىنىدۇ ۋە قەلبى رەسۇلۇللاھقا شۇنچىلىك باغلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھنى كۆپ ياد ئېتىپ ئۇنى تونىغانسېرى ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇرلىشىپ، تۆۋەندىكى ھەدىستە ئېيتىلغان ھەقىقى سۆيگۈ دەرىجىسىگە ئېرىشىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئاتا- ئانىسىدىن، بالا- چاقىسىدىن ۋە باشقا بارلىق كىشىلىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگىچە كامىل مۆمىن بولالمايدۇ.» ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى، ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى:14، مۇسلىمدىكى نومۇرى 63 . يەنى ئىمانىنىڭ تولۇق ۋە كامىل بولۇشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەممىدىن بەك سۆيۈشكە باغلىق. دېمەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۆيۈش ئىمانىنىڭ كامىل بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ، سەل قاراشقا بولىدىغان ئارتۇقچە ئىش ئەمەس. بۇ مۇھەببەتنىڭ ھەقىقەتكە چىقىشى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بارلىق تەرەپلىرى بىلەن بىلىش لازىم. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھنى تونۇش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز دۇر.

4- زامانىمىزنىڭ ئېھتىياجى. دىن دۈشمەنلىرى ئۆز تەرەپتارلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇسۇلمان ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقىدىسىنى تەشۋىشكە سېلىپ، ھەقىقەتنى بورمىلاپ ئۇلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن ياشلارنىڭ ئىسلامغا بولغان چۈشەنچىسى ئاجىزلىشىپ، ھەر خىل يات پىكىرلەرنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرمەكتە. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھنى تونۇشى ۋە باشقىلارغا تونۇتۇشىنى پەرز قىلىدۇ. مۇسۇلمان ياشلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىشىلىكىنى، ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇق ۋە جاھالەتنىڭ

قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئىمان- ھىدايەتنىڭ نۇرىغا، ئىنسانىنى ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانغا قۇل بولۇپ چوقۇنۇشتىن ئازات قىلىپ، ئەقلىنى ۋە ئىقتىدارىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىسلامنىڭ داغدام يولىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تارتقان جاپا- مۇشەققەتلىرىنى، بۇ يولدا بېشىغا كەلگەن مىسلىسىز ئازاب- ئوقۇبەتلەرگە قانداق بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسى ئۈچۈن دۇنيالىقىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەنلىكىنى، دۈشمەنلىرىگە قارشى يېڭىلمەس جاسارەت ۋە شۇجائىتىنى، غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى كەڭ قورساق ۋە كەچۈرۈمچانلىقىنى، ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرىگە خىلاپ كەلمەيدىغان ئىشلاردا ئۆزىگە كەلگەن ئەزىيەتلەرگە غەزەبلەنمەيدىغانلىقىنى، ئاجىزلارغا، كىچىك باللارغا ۋە ئاياللارغا چەكسىز مېھرىبانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە ئىنتايىن موھتاج. چۈنكى بۇ مەلۇماتلار مۆمىنىنىڭ ئىمانىنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قەلبىنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەر جەھەتتىن ياخشى تونۇغان ياشلار دۈشمەنلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىغۋالىرى، پىتنە- پاساتلىرى ۋە شەك- شۈبھىلىرى ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەستىن دىنىدا مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن ۋە "مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىمەن" دەيدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بىلىپ، بارلىق ئىش- ھەرىكەتلىرىنى ئۇنىڭ گۈزەل ئىش ئىزلىرى بىلەن بېزىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا مۆمىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۈممەت بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ بېشىنى ئۈستۈن كۆتۈرەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەرگە ئۈممەت بولغانلىقىغا ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، خۇددى ئەھمەد يەسەۋىدەك "بۇ دۆلەت بىزگە يەتمەسمۇ مۇھەممەد ئۈممىتى قىلدى" دەيدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار ئاممىسى بۇ ھەقىقەتلەردىن پۈتۈنلەي يىراق. دۇنيادا بىر مىليارد 400 مىليوندىن كۆپرەك مۇسۇلمان بارلىقى مەلۇم. لېكىن ئەشۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قانچە پىرسەنتى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتىنى بىلىدۇ؟ قانچە پىرسەنتى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىز ئۈممەت ئۈچۈن تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ بۇ سوئالنى بىزنىڭ

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمىزدىن سورىساق ئەھۋال تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھولۇۋۇد كىنو ئارتىسلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى، ياۋروپا توپچىلىرىنىڭ ئاتلىرىنى بىر- بىرلەپ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچە ئوغلى بار؟ دەپ سورىسا، تىلىنى قاغا چوقۇۋالغاندەك قاراپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ۋەزىيەت.شۇڭلاشقا بىز تور بېكىتىمىز ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلۇغ سۈپەتلىرى ھەققىدە كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تولۇق مەلۇمات بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. خۇدا خالىسا بىز بۇنىڭدىن كېيىن ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرۇشقا كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشىمىز .